# دۇرۇس بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ھېيت-بايرام ۋە مۇراسىملار توغرىسىدا

## الاحتفال في المناسبات والأعياد ، ما يجوز منه ، وما لا يجوز

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >


پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد


**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

115148-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ھازىرقى زاماندا بىز مۇھاجىرلار باشقا دىندىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە خەلقئارالىق بىر جەمئىيەتتە ياشايمىز، مۇشۇ جەمئىيەتتە مەلۇم شەخسنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن تۇغۇلغان كۈنى مۇراسىمى ۋە ئىسلامى شەكىلدىكى توي مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزسەك توغرا بولامدۇ؟ بىز ئىسلام دىنىنىڭ سىرتىدىكى ھېچقانداق مۇراسىم-پائالىيەتلەرگە قاتناشمايمىز، ھېچقانداق بىر دىنغا نىسبەت بېرىلمەيدىغان، شۇنداقلا بىرەر دىن بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان، "ھالوۋىيىن" (Halloween) "كرىيسمىس" (يېڭى يىل بايرىمى)، "ۋالىنتاين" (**Valentine** day) (ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى)، "مەسىيھىيە"، "ئەددىيسىيرا"، ئەددىيپالى"."ئەلھىندوسىيىن" قاتارلىق مۇراسىم ۋە پائالىيەتلەرگە قاتناشساق بولامدۇ؟.

ھېچ قانداق بىر دىن بىلەن باغلىنىشى بولمىغان بايرام-مۇراسىملارغا قاتناشسا بولامدۇ؟ مەن: daruliftaa.com ۋە islamonline.net قاتارلىق تور بەتلىرىدە ئادەتتىكى مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشكە مۇمكىن بولىدىكەن، ئەمما يېقىنقى ئون بەش يىلدىن بېرى پەرزەنتلىرىمنى قانائەتلەندۈرۈشۇم بەك قىيىن بولۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئىلىپ بېرىلىۋاتقان مۇراسىملارنىڭ ھېچ بىرى ئىسلامى مۇراسىم ئەمەس، بۇنداق مۇراسىملار بىزنىڭ دىنىمىزدا قوبۇل قىلىنمايدۇ، بۇ مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىكىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاللاھ تائالا يولغا قويغان ئىسلام پىرىنسىپىدا توي مۇراسىملىرى ۋە باشقا دۇنياۋى پائالىيەتلەرنى ئىلىپ بېرىش چەكلەنمەيدۇ، بۇنىڭ شەرتى، بۇ پائالىيەت جەريانىدا ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ئىشلار يۈز بەرمەسلىكى، يات ئەر-ئاياللار ئارىلىشىپ ئولتۇرماسلىقى، تۈرلۈك مۇزىكا-چالغۇلىرى بولماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇراسىملار ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىدىغان ئىبادەتلەردىن بولماستىن بەلكى توپلىشىپ خۇرسەنلىك، خوشاللىقنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر. ئەسلىدە

ئادەتتىكى ئىشلارنى قىلىش دۇرۇس، ئىبادەت بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىبادەت چەكلىمە بولۇپ، دەلىل بىلەن يولغا قويۇلغاندا قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

ئىسلام دىنىمىزدا چەكلەنگەن مۇراسىم-پائالىيەتلەر بولسا؛ يېڭى يىل بايرىمى، ۋە ئانىلار بايرىمى دېگەنگە ئوخشاش كاپىرلارنىڭ دىنى شۇئارلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇنكەر ئىشلار قىلىنىدىغان مۇراسىملاردىن ئىبارەتتۇر. بىز ھەرقانداق ئىشلىرىمىزدا غەيرى دىندىكىلەرگە ئوخشاپ قىلىشتىن قاتتىق چەكلەنگەن، بولۇپمۇ بۇنداق مۇراسىملار بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسەت قىلىنىدىكەن بۇنىڭ جىنايىتى بەك چوڭ بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ مۇراسىمدا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن بىدئەت-خۇراپاتنى بىرگە ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

سەئۇدى ئەرەبىستان دائىمى كومىتېتى ئالىملىرىدىن: بالىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن بايرام ئۆتكۈزۈشنىڭ ھۆكمى قانداق؟ بىز ئۇ كۈندە بايرام قىلغاندىن روزا تۇتۇشنى ياخشى دەپ قارايمىز، بۇ قاراش توغرىمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى، ياكى تۇغۇلغان كۈن مۇناسىۋىتى بىلەن روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىشلار دىندا ئەسلى بولمىغان بىدئەت ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان كىشى دىندا پەرز قىلىنغان ئىبادەتلەرنى، ئۇنىڭدىن باشقا نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششى كېرەك، ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان چەكسىز نېمەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىپ شۈكرى قىلىشى، يىللارنىڭ، ئايلارنىڭ ۋە كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن تېنىنىڭ سالامەتلىكى، ئائىلە، بالا-چاقىلىرى ۋە مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىق بولغانلىقىغا ئاللاھ تائالا چەكسىز مەدھىيە ئېيتىشى كېرەك". شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز، شەيخ سالىھ ئەلپەۋزان، شەيخ بەكىر ئەبۇ زەيد قاتارلىقلار. "دائىمى كومىتېت پەتىۋاسى"2-توم 260- 261-بەتلەر].

ئۇنىڭدىن باشقا شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز ۋە شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ: "تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈشنىڭ ھۆكمى" توغرىسىدىكى 1027- 26804-نومۇرلۇق سوئاللاردىكى جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ: "ئانىلار بايرىمى" توغرىسىدىكى 59905-نومۇرلۇق سوئالدىكى جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

يەنە بىزنىڭ بۇ: **http://islamqa.info/ar/59905** تور بېتىمىزدە "ئانىلار بايرىمى" ئۇنىڭ قىسقىچە تارىخى توغرىسىدا تەپسىلى يېزىلغان ماقالىلار ۋە ئالىملارنىڭ پەتىۋالىرى بار. شۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

بىدئەت بايراملار توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە  ناملىق 10070-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.

IslamHouse.com